قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

ئەقىللىق نەسىردىن ئەپەندى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئەقىللىق نەسىردىن ئەپەندى

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (2)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 80547 - 812 - 8

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

ئەقىللىق نەسىردىن ئەپەندى

ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: كۇاڭ جې
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

1. بۇرۇنسىدا، ناھايىتى ئەقىللىق بىركىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى نەسىردىن ئەپەندى ئىكەن.

2. نەسىردىن ئەپەندى ئېشىكىگە مىنىپ كوچىمۇ كوچا، يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ يۈرۈيدىكەن. ئۇ ئاقكۆڭۈل، زېرەك ئادەم بولۇپ، نامرات پۇقرالار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدىكەن. ھەممەيلەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن.

Scanned by CamScanner

3. پۇقرالارنىڭ نەسىردىن ئەپەندىنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان پا-
دىشاھنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپتۇ-دە، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ تازا بىر باپلىماق-
چى بوپتۇ.

Scanned by CamScanner

4. پادىشاھ: «نەسىردىن ئەپەندى سىزنى بەك ئەقىللىق دەپ ئاڭلايمەن، ئۇنداقتا مەن بۈگۈن سەندىن بىر سوئال سوراپ باقاي، ئەگەر سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىسەڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

5. نەسىردىن ئەپەندى قىلچە تەمتىرىمە-
تىن: «بولىدۇ، قېنى سوئاللىرىنى سورىسىلا!»
دەپتۇ. پادىشاھ سوراپتۇ: «ئاسماندا قانچىلىك يۇل-
تۇز بار؟»

6. ئەپەندىم پادىشاھنىڭ ئىڭىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانى سىلىنىڭ ساقاللىرىنىڭ سانى بىلەن ئوپمۇئوخشاش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

7. «ئۇنداقتا، تېپىپ باق، مېنىڭ ساقىلىمنىڭ سانى زادى قانچىلىك؟» دەپتۇ پادىشاھ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

Scanned by CamScanner

8. نەسىردىن ئەپەندى سەل-پەل ئويلىنىۋې-
لىپ، ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
«سىلىنىڭ ساقاللىرىنىڭ سانى مېنىڭ ئېشىكىم-
نىڭ قۇيرۇقىدىكى تۈكىنىڭ سانى بىلەن ئوپمۇئوخ-
شاش، ئىشەنمىسىلە قېنى ساناپ كۆرسىلە» دەپ-
تۇ.

9. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ ۋە غەزەبلەنگەن ھالدا: «سېنىڭ يۈرىكىڭ قاپتەك بار ئىكەن، ئېشىكىڭنىڭ قۇيرۇقى بىلەن مېنىڭ ساقىلىمنى سېلىشتۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ تېخى!» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

10. پادىشاھ لەشكەرلەرگە ئەپەندىنى يالاپ ئەپچىقىپ، كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيـ
رۇپتۇ، لەشكەرلەر ئېتىلىپ بېرىپ ئەپەندىنى تۇتۇۋاپتۇ.

Scanned by CamScanner

11. لېكىن، ئەپەندى قورقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەل-
كى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن پادى-
شاھ: «سەن ئۆلۈم گىرداۋىدا تۇرۇپ نېمىشقا
كۈلىسەن؟» دەپ سوراپتۇ ئەپەندىدىن.

Scanned by CamScanner

12. ئەپەندى يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھا، ھا، ھا، مەن بۈگۈن ئۆلىدىغانلىقىمنى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتىم! مەن ئۆزۈمنىڭلا قاچان ئۆلىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالماي، يەنە جانابلىرىنىڭمۇ قاچان ئۆلىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، تېخى» دەپتۇ.

13. ئەسلىدىلا ئۆلۈم-
دىن بەك قورقىدىغان پادىشاھ
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقىنى-
دىن دەرھاللا: «زادى بۇ سۆ-
زۈڭ راستمۇ؟» دەپ سوراپ-
تۇ.

Scanned by CamScanner

14. ئەپەندى: «ئەلۋەتتە راستتە!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادشاھ: «قېنى تېز-
رەك دېگىنە، مەن قايسى كۈنى ئۆلىمەن» دەپ سوراپتۇ.

Scanned by CamScanner

15. ئەپەندى: «سىلە مەندىن پەقەت بىركۈن كېيىن ئۆلىلا، مەن بۈگۈن ئۆلسەم، ئەتە سىلە ئۆلىلا» دەپتۇ.

16 . پادى-
شاھنى تىترەك
بېسىپ كېتىپ-
تۇ-دە، «ئەپەن-
دى، سەن ھەر-
گىز ئۆلمىگىن»
دەپ ۋارقىراپ
كېتىپتۇ.

Scanned by CamScanner

17. پادىشاھنىڭ كۈچۈكلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئەپەندى ھەييارلىق بىلەن: «ئۇنداقتا مېنى تېنچ تۇرمۇش كەچۈرگىلى قويسىلا!» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

18. پادىشاھ لەشكەرلەرگە قاراپ: «ئۇنى تېزدىن قوغلاپ تۇتۇڭلار! ئۇ ھەرگىز ئۆلمىسۇن! ئەگەر ئۇ ئون مىڭ يىل ياشىيالمىسا، ئۇ چاغدا مەن ئون مىڭ يىل بىر كۈن ياشىيالايمەن» دەپتۇ.

19. پادشاھ ئەپەندىگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن-يامبۇ بېرىپتۇ.

Scanned by CamScanner

20. ئەپەندىنى يەنە ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش داچىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپتۇ.

21. پادىشاھ ئوردىسىدىن مەغرۇر قەدەم تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. ۋاتقان ئەپەندىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ: «خۇدا- يىمغا ئامانەت! سىز مەڭگۈ ئامان بولۇڭ» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

22. نەسىردىن ئەپەندى پادىشاھ بەرگەن ئالتۇن-يامبۇلارنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەش-
تۇرۇپ بېرىپتۇ.

Scanned by CamScanner

23. نەسىردىن ئەپەندى ئېشىكىگە مىنىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.



Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

聪明的阿凡提

红蜻蜓丛书(2)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
889 × 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 – 7 – 80547 – 812 – 8

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : **ماھىنۇر غوپۇر**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : **ئازات بارات**

ISBN 978-7-80547-812-8
9 787805 478128 >
总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner